# ﴿ئىسلام تەربىيىسىدە ۋەتەن سۆيگۈسى﴾

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

## پەزىلەتلىك دوكتۇر سالىھ ئىبنى ئەلى ئەبۇ ئەرراد

تەرجىمە قىلغۇچى: لۇتپى تۇركىستانى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن.تەمكىنى


نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2011 - 1432

IslamHouse.com

# ﴿التربية الإسلامية و حب الوطن﴾

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الدكتور صالح بن علي أبو عرَّاد

ترجمة: لطفي تركستاني

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2011 - 1432

IslamHouse.com

# ئىسلام تەربىيىسىدە ۋەتەن سۆيگۈسى

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن

بارلىق ھەمدۇ-سانا جانابى ئاللاھقا خاستۇر، دۇئا ۋە سالاملار ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسساللامغا بولسۇن!.

ئىسلام مائارىپ تەربىيەسى ئىنسانىيەت روھى بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ئىنسانىيەت روھىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى بارلىق ساداقەت ۋە خالىس دوستلۇق مەنالىرى بىلەن تولدۇرىدىغان ئالى ئىمانىي مۇھەببەت نۇقتىسىدىن خىزمەت باشلايدۇ.

شۈبھىسىزكى ۋەتەن سۆيگۈسى ھەقىقەتەن ئىنساننىڭ تۇغما خاراكتېرلىرىدىن بىرىدۇر. شۇڭا ئىنساننىڭ ئۆزى ياشاپ ئۆسكەن ۋە ئويناپ-كۈلۈپ چوڭ بولغان شۇنداقلا ئۇنىڭغا تەشنا بولۇپ يۈرىكى پۇچىلانغان زېمىننى ياخشى كۆرۈشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا دىيارلاردا مۇساپىر بولۇپ ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە قارىتا سادىق سېغىنىش ۋە مۇھەببەت تۇيغۇسىدا بولۇشى نورمال بىر ئەھۋالدۇر. بۇ پەقەت سادىق تەۋەلىك ئىپكى ۋە كۈچلۈك باغلىنىشنىڭ دەلىلىدۇر.

ئىنساندا ھەقىقى ۋەتەن سۆيگۈسى بولۇشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن دىنغا بولغان سادىق تەۋەلىك تۇيغۇسى ئەمەلگە ئاشقان بولۇشى، ئاندىن كېيىن بۇ تۇردىكى ساداقەت تۇيغۇسى ۋەتەنگە بولۇشى لازىم. چۈنكى بىرئاللاھقىلا ئىتىقات قىلىشقا چاقىرىدىغان ئىسلام دىنىمىزنىڭ تەلىماتلىرى ئىنساننى ۋەتەننى سۆيۈشكە تەرغىب قىلىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز يۇرتى مەككە مۇكەررەمەدىن چىقىرىۋېتىلگەن چاغدىكى ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىپ تۇرۇپ قىلغان خىتابلىرى نەقىل قىلىنغان تۆۋەندىكى سەھىھ ھەدىس ئۇنىڭ ياخشى مىسالى بولالايدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېيتىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام مەككىگە مۇنداق خىتاب قىلغان: «شەھەرلەرنىڭ ئىچىدە نېمىدېگەن ئىللىق شەھەرسەن؟! ماڭا نېمىدېگەن سۆيۈملۈكسەن؟! ئەگەر قەۋمىم مېنى سەندىن چىقىرىۋەتمىگەن بولسا سەندىن باشقا ھېچ يەردە ئولتۇراقلاشمىغان بولاتتىم.» [ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى880-بەت 3926-نومۇرلۇق ھەدىس]. ئەگەر ئىنسانىيەتنىڭ

يېتەكچىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋەتىنىنى سۆيمىگەن بولسا بۇ سۆزلەرنى قىلمىغان بولاتتى. كاشكى ھەربىر مۇسۇلمان ئىنسان يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ مەنىسىنىڭ تېگىگە يەتكىنىدە، چوقۇم ۋەتەن سۆيگۈسى ئەڭ سادىق مەنالىرى بويىچە ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ھاياتىدا نۇر چاچقانلىقىنى ۋە "ۋەتەن" دېگەن بۇ سۆز زىكىر قىلىنغاندا قەلبلەر سۆيۈنىدىغان، ۋۇجۇتلار ئىنتىلىدىغان، تۇيغۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋېتىدىغان بىر سۆزگە ئايلانغان بولاتتى.

ئەگەر ئىنسان ئۆزى تۇغۇلغان تۇپراق، ياخشىلىقلىرىنى كۆرگەن زېمىن ۋە ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان بولسا، دېمەك؛ مەزكۇر زېمىنىنىڭ (ئۇ يەردە ياشاۋاتقان ھاياتلىقلار ۋە ئۇيەرنى تەشكىل قىلغان نەرسىلەر بىلەن بىرگە) ئۇ ئىنسان ئۇستىدە نۇرغۇن ھەقلىرى بولۇپ بۇ ھەقلەر قېرىنداشلىق ھەقلىرى، خۇشنىدارچىلىق ھەقلىرى، ئۇرۇق -تۇغقانچىلىق ھەقلىرى، ۋە بۇندىن باشقا ئىنسان ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن ۋاپادار بولۇش ۋە ئۇنى سۆيۈش قاتارلىقلارنى چىقىش قىلغان ئاساستا ھەرجاي ۋە ھەرزاماندا ئادا قىلىشقا ۋە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بارلىق ھەقلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ئىنساننى بۇ زېمىنغا ئىزباسار(سەردار) قىلىپ، ئۇنى ھىدايەت ۋە ئالى يوليورۇقنى پرىنسىپ قىلىش ئاساسىدا گۈللەندۈرۈشنى ۋە ئۇنىڭدىكى پاك نەرسىلەردىن ۋە گۈزەللىكلەردىن بەھرىمەن بولۇشنى تەقەززا قىلغان ئىكەن، بۇ زېمىندىكى بارلىق نېمەتلەر ۋە ياخشىلىقلار مەزكۇر زېمىن ساھىبلىرىنىڭ پايدىلىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

دېمەك؛ ئىنسان ئۆز ۋەتىنىنى سۆيىشى ۋە ئۇنى قوغداپ ئۇنىڭدىكى بايلىقلاردىن تولۇق پايدىلىنىشقا تىرىشىشى تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ رىئاللىقتا ئايلىنىشىدىكى ئۇچۇق ئىسپاتتۇر: «ئۇ سىلەرنى زېمىندىن (يەنى تۇپراقتىن )ياراتتى، سىلەر بىلەن ئۇنى ئاۋاتلاشتۇردى (يەنى سىلەر بىلەن زېمىننى تەرەققى قىلدۇردى).» [سۈرە ھۇد 61- ئايەت ].

شەكسىزكى ئىسلام تەربىيىسى ئىنساندا ۋەتەن سۆگۈسىنى يېتىلدۈرۈشدە تۆۋەندىكى تۆرتكىلىك روللارنى ئوينايدۇ:

1-پاك ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئىنساننى ۋەتەنىنىڭ شانلىق تارىخىغا نىسبەتەن ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن باشلاپ مەلۇم تۇيغۇغا ئىگە تەربىيىلەش بىلەن بىرگە ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاپ قايتۇرىدىغان ئىراده پرىنسىپى بىلەن ئۇنىڭغا ۋاپادار بۇلۇش ئاساسىدا يېتىلدۈرىدۇ. ئىسلام دىنىمىزنىڭ تەلىماتلىرى بۇنداق خىسلەتلەرگە تەرغىب قىلىپلا قالماستىن ئۇنىڭغا ئەمىلى يېتەكلەيدۇ. ئاللاھ تائالا

مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى ئىش قىلغۇچى پەقەت ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.» [ سۇرە راھمان 60-ئايەت ].

2- ۋەتەنداشلارنىڭ قەيەردە بولىشىدىن قەتئىي نەزەر بىرتەن بولۇپ ھەرخىل ۋەزىيەت ۋە مۇھىتلاردا ئۆزى ۋە ئۆزگىنى قوغداشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان قېرىنداشلىق، بىر-بىرىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۆز- ئارا ئىزدىشىپ تۇرۇش ئارقىلىق قەلبداشلىق كەيپىياتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن دوستلۇق مۇھەببەت رىشتىسىنى باغلاشقا يىتەكلەيدۇ.

3- ئائىلە، مەكتەپ-مەدرىسە، مەسجىد، پائالىيەت سورۇنلىرى، خىزمەت ئورۇنلىرى قاتارلىقلارغا ئوخشاش ھەرخىل تەربىيلەش مۇئەسسەسەلىرى، گېزىت -ژۇرنال، رادئو-تىلىۋىزۇر قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئىجابى ۋەتەنداشلىق سۆيگۈسى يىتىلدۈرۈشنى، شۇ سۆيگۈنىڭ مەنىسىنى رۇشەنلەشتۈرۈپ ئۇنىڭ قانداق ئەملى ئىپادىسى بارلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

4-ۋەتەن تېرىتۇرىيەسىدىكى ئۇمۇمى ئىجتىمائى مۇھىت بولۇپمۇ ئىنسان ھاياتى شانۇ-شەۋكەت ۋە پاراۋانلىقىقا يۈزلىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، بۇ خىزمەت ھەربىر كىشى ئۆز ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتنى تونۇپ ئۇنى ئەڭ پۇختا ئىجرا قىلىش ئارقىلىق رېئاللىقىقا ئايلىنىدۇ.

5 -ۋەتەن پەرزەنتلىرىنى ۋەتەننىڭ ھەرخىل بايلىق ۋە نازۇ-نېمەتلىرىنى قەدىرلەيدىغان، شۇنداقلا ئۇنىڭدا قولغا كەلتۈرۈلگەن ھەممە كىشىنىڭ پايدىلىنىش ھەققى بولغان تەرەققىيات ۋە ئاساسى مۇئەسسەسەلەرنى قوغدايدىغان، ئۆزىمۇ ئۇنىڭدىكى ھەق-ھوقۇقلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىدىغان قىلىپ تەربىلەيدۇ.

6- ۋەتەن ۋە ئۇنىڭ شان-شەۋكىتىنى كۆتۈرۈش دائىرىسىگە كىرىدىغان ھەرقانداق بىر ئىشقا ماددى ۋە مەنىۋى تەرەپلەردە زامان ۋە ماكان ئايرىماستىن ھەرقانداق بىر جايدا بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ئاكتىپ ئىجابى ھەسسە قوشۇش ۋە قوشىدىغان قىلىپ تەربىيەلەيدۇ. چۈنكى بۇ ھەممە كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە پايدا-مەنپەئەتى جەمىيەت ۋە شەخىسلەرگە تەڭ بولىدىغان ئىشتۇر.

7-ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ تىنىچلىقى ۋە خاتىرجەملىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق بۇزۇقچىلىقىقا قارشى تۇرۇش ۋە مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن قولدىن كەلگەن بارلىق ئىمكانىيەت ۋە ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ خىزمەت قىلىش.

8 -ۋەتەننى قوغداشقا جىددى ئېھتىياج چۈشكەندە سۆز ۋە ئىش-ھەرىكىتى بىلەن پىداكارلىق كۆرسىتىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ئاخىردا ئۇلۇغ ئاللاھتىن ھەممىمىزنى ياخشىلىققا، ھەقىقەتكە، ھىدايەتكە ۋە توغرىغا مۇۋەپپەق قىلىشنى تىلەيمىز.